# شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جەمئىيەتكە جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنىڭ دەۋر كۈچلۈك ساداسى يەتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنى جۇڭگو ۋە ئافرىقا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى جەنۇبىي ئافرىقا، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگال ئورتاق تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، سىن شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى. جەنۇبىي ئافرىقا زۇڭتۇڭى رامافوسا، سېنېگال زۇڭتۇڭى سال ۋە مىسىر زۇڭتۇڭى سىيسى، كونگو(كىنشاسا) زۇڭتۇڭى زىسېكېدى، ئالجىرىيە زۇڭتۇڭى تېببۇنى، گابون زۇڭتۇڭى بانگو، كېنىيە زۇڭتۇڭى كېنىياتتا، مالى زۇڭتۇڭى كېيتا، نىگېر زۇڭتۇڭى ئىسسوفۇ، نىگېرىيە زۇڭتۇڭى بۇخارى، رىۋاندا زۇڭتۇڭى كاگامې، زىمبابۋې زۇڭتۇڭى منانگاگۋا، ئېفىيوپىيە زۇڭلىسى ئابى ھەمدە ئافرىقا ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ رەئىسى فاكى قاتناشتى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى گۇتېررېس، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشبېجىرگۈچىسى تەن دېسەي ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە يىغىنغا قاتناشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پۈتۈن يەر شارى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان مۇھىم پەيتتە، بىز بۇ قېتىمقى جۇڭگو ـ ئافرىقا ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنى ئۆتكۈزدۇق، ھەرقايسى كونا، يېڭى دوستلار بىلەن سىن ئارقىلىق جەم بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زور تەدبىرى ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنى ئورتاق بايان قىلدۇق. بۇ قېتىمقى يۇقۇم تويۇقسىز تارقىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئېغىر زەربە ئېلىپ كېلىپ، نەچچە يۈز مىڭ كىشىنى قىممەتلىك ھاياتىدىن مەھرۇم قىلدى. مەن، يۇقۇمدا بەختكە قارشى قازا قىلغانلارغا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ھال سوراش تەكلىپى بېرىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئۆزئارا مەدەت بېرىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلدى، ئىككى تەرەپ تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتى، دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشىنىش تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ ئافرىقا ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى قەدىرلەيدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ئىرادىسىدىن قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر يۇقۇم يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامراۋاتىدۇ، جۇڭگو بىلەن ئافرىقا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بايلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداپ، يۇقۇمنىڭ سەلبىي تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللايدۇ، داۋاملىق تۈردە ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ، ئافرىقا تەرەپنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەملىشىدۇ. جۇڭگو تەرەپ مۇددەتتىن بۇرۇن بۇ يىل ئىچىدە ئىش باشلاپ ئافرىقا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى باش ئىشتابىنى قۇرىدۇ، ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى رامكىسى ئىچىدىكى «ساغلاملىق ـ سەھىيە ھەرىكىتى»نى ياخشى يولغا قويۇپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇق دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا نىشانلىق ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان دوختۇرخانىلار ھەمكارلىقىنى تېزلىتىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپ مۇنداق ۋەدە بېرىدۇ: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىچىشنى تاماملىغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئافرىقا دۆلەتلىرىگە نەپ يەتكۈزۈشنى خالايدۇ.

ئىككىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى رامكىسىدا، ئالاقىدار ئافرىقا دۆلەتلىرى 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەرەللى توشىدىغان جۇڭگوغا تۆلەيدىغان ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ۋە قەرزنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، يۇقۇم پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغان، بېسىم پەۋقۇلئاددە زور بولغان ئافرىقا دۆلەتلىرىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىدۇ، بۇ، قەرزنى كېچىكتۈرۈش مۇددىتىنى يەنىمۇ ئۇزارتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگودىكى ئالاقىدار پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىغا تەتبىقلاپ، بازار پىرىنسىپىغا ئاساسەن ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن سودا ئېگىلىك ھوقۇقى قەرز پۇلنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا دوستانە كېڭىشىش ئېلىپ بارىدۇ. جۇڭگو تەرەپ 20 دۆلەت گۇرۇھى ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ ھەم 20 دۆلەت گۇرۇھىنى نۆۋەتتىكى قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش مۇددىتىنى يەنىمۇ ئۇزارتىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ۋە كۆپ تەرەپلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئافرىقىنىڭ قەرزنى كېمەيتىش ـ كېچىكتۈرۈش مەسىلىسىدە تېخىمۇ كۈچلۈك ھەرىكەت قوللىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ھەم باشقا ھەمراھلار بىلەن ئافرىقىغا ياردەم بېرىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللايدۇ، ئافرىقىنىڭ ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى ۋە كەسپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى قوللايدۇ، ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە رەقەملىك ئىقتىساد، ئاقىل شەھەر، پاكىز ئېنېرگىيە، 5G قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتى ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى يەرشارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى قوغداشنى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى قوللاشنى خالايدۇ. بىز يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا، ۋىرۇسنى بەلگىلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرىمىز، ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىدېئولوگىيەدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشقا قارشى تۇرىمىز، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغدايمىز.

تۆتىنچى، بىز قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. مەن ھەرقايسى كەسپداشلار بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، دوستلۇق، ئۆزئارا ئىشىنىشنى پۇختىلاپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا قوللاپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئورتاق قوغداپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى خالايمەن.

شى جىنپىڭ ئاخىردا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدا تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى بىردەك قارار قىلدۇق. بۈگۈن بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى ئېچىشىمىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدا بەرگەن ۋەدىمىزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىك، شۇنداقلا خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا كۈچ قوشۇش ئۈچۈندۇر. ئىشىنىمەنكى، ئىنسانلار ھامان يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرىمۇ ھامان تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

چەت ئەل تەرەپ رەھبەرلىرى سۆزلىرىدە بەس ـ بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەر شارىدا، ئافرىقىدا كېڭىيىۋاتقان، يامراۋاتقان ئاچچىقلۇق ۋاقىتتا جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنى ئېچىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئافرىقا ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە ئافرىقا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ ئېلاستىكلىقلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. جۇڭگو ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇپ، ئافرىقا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ماددىي ئەشيا، تېخنىكا، تەجرىبە قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە قىممەتلىك ياردەم ۋە مەدەت بەردى، ئافرىقا دۆلەتلىرى بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدۇ. يۇقۇم مىسلىسىز كەسكىن بولغان يەرشارىۋى كرىزىس بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا ئاپپاراتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللىغاندىلا، ئاندىن ئەڭ ئاخىردا غەلىبە قىلالايدۇ. ئافرىقا تەرەپ ئالاقىدار ھەقدار دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ قەرزنى يەنىمۇ كېمەيتىشى ـ كېچىكتۈرۈشى، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش، دورا، ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئىچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشۇشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە، جۇڭگو ئۈلگە تىكلىدى، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئافرىقىنىڭ پۈتۈن ھاۋارايىلىق ياخشى دوستى، ياخشى ھەمراھى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئافرىقا تەرەپ ئافرىقا ـ جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قەتئىي كۈچ چىقىرىپ، ئافرىقا ـ جۇڭگو سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇشقا تەييار. ئافرىقا ـ جۇڭگو ئەنئەنىۋى دوستلۇقى مەڭگۈ ياشايدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولدى، ئاكتىپ، دوستانە كەيپىياتتا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى. باشلىقلار يىغىنىدا «جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ قوشما باياناتى» ئېلان قىلىندى. جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا قوللاشنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىشقا؛ ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھەم دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يېتەكلەش ۋە ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا؛ جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سەھىيە ـ ساغلاملىق، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ساھەلىرىگە تېخىمۇ كۆپ مايىللاشتۇرۇشقا؛ كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ، يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشقا ئىرادە باغلىدى.

دىڭ شۆشياڭ، سۇن چۈنلەن، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېن شياۋدۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىرىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو ـ ئافرىقا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن ئۆزئارا مەدەت بېرىپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۆرەش قىلىپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى ئۈلگىسىنى بايرىقىنى تىكلەپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتىدە يېڭى يۈكسەلمىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنى جۇڭگو ـ ئافرىقا رەھبەرلىرى ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق ئالاھىدە يىغىلىش، ھەرقايسى تەرەپلەر ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللاش، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەم خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. يىغىن قوشما باياناتى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەردىكى ئورتاق مەيدانىنى مۇجەسسەملىدى. باشلىقلار يىغىنى دوستانە، قىزغىن، ئەمەلىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېچىلدى، نەتىجىسى مول بولدى، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

چېن شياۋدۇڭ مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭ باشلىقلار يىغىنىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم تەشەببۇس ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقۇمغا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇش، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش، قەتئىي تەۋرەنمەي كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەكلىكىنى نۇقتىلىق تەكىتلىدى. بۇ تۆت «قەتئىي تەۋرەنمەسلىك» جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ «ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش» قەتئىي ئىرادىسىنى نامايان قىلدى، يۇقۇم ۋەزىيىتىدىكى جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەم ئەمەلىي ھەمكارلىقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى يۆنىلىشىنى سىزىپ چىقتى، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ قوشتى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى ۋە پائال جاۋاب قايتۇرۇشقا ئېرىشتى، يىغىنغا قاتناشقان ئافرىقا تەرەپ رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: رەئىس شى جىنپىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى سەممىي قوللىدى، ھەقىقىي تۈردە جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قەلبىگە پۈكتى. جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقى ئافرىقىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە كۈچلۈك ياردەم بېرىدۇ. بەزى رەھبەرلەر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بەزى دۆلەتلەر دەپ قويۇپلا قىلمىدى، جۇڭگو چىن دىلى بىلەن ئافرىقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئافرىقىغا سەممىي ياردەم بېرىپ، ئافرىقىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشۇپ، يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى يېتەكلىدى. بۇ قېتىمقى جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى دەل ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنىڭ مۇھىم تەسىرى ۋە چوڭقۇر ئۇزاق ئەھمىيىتى مۇقەررەر سىجىل قويۇپ بېرىلىدۇ.

بىرىنچى، جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ قول تۇتۇشۇپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتتى. جۇڭگو ـ ئافرىقا رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىدا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئورتاق ھەرىكەتنى كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ جۇڭگو ـ ئافرىقا سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى بىردەك قارار قىلدى. جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ جاپالىق، قىيىنچىلىق پەيتىدە تۇرۇۋاتقاندا، ئافرىقا ھەققانىيلىق، ماددىي جەھەتتە قىممەتلىك مەدەت بەردى. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى ھەم داۋاملىق قوللايدۇ، ئافرىقا تەرەپنى ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ، داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ، ئافرىقىنىڭ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى باش ئىشتابى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋاكسىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ئىچىشنى تاماملىغان ھەم ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرگەندىن كېيىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئافرىقا دۆلەتلىرىگە تېزدىن نەپ يەتكۈزۈش ھەم G20نىڭ قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، ئافرىقا دۆلەتلىرى ھەمدە قەرزى كۆپ نامرات دۆلەتلەرنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشقا ۋەدە بەردى. يۇقۇمنىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىقىغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرىگە قارىتا، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ساغلاملىق ـ سەھىيە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سودا، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ھەمكارلىقلارنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى. يۇقىرىقى تەشەببۇس ۋە تەكلىپلەر جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، خەلقئارادا مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

ئىككىنچى، جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ بىر ـ بىرىنى قوللايدىغان كۈچلۈك ئاساسىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى. رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشكە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق، بۇ كۈچلۈك ئورتاق سادا قوزغىدى. ھەرقايسى تەرەپلەر جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە يۇكسەك باھا بەردى، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا پائال ياردەم بەرگەنلىكىنى تەرىپلىدى. جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ باشلىقلار يىغىنىنىڭ قوشما باياناتىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق يېزىلدى: جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشىنى قوللايدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ئافرىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقىدا «ئۇق ئاۋازىنى يوقىتىش تەشەببۇسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قوللايدۇ، زىمبابۋې ۋە سۇدانغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي جازانى تېزدىن بىكار قىلىشنى دەۋەت قىلىدۇ. ئافرىقا دۆلەتلىرى جۇڭگو تەرەپنىڭ تەيۋەن، شياڭگاڭ مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ شياڭگاڭدا دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قانۇن بويىچە قوغداشتىكى تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ ئىزچىل بىر ـ بىرىنى چۈشىنىپ، قەتئىي قوللاپ كەلدى، يەنە بىر قېتىم ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جۇڭگو ـ ئافرىقىنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇشتەك قېرىنداشلىق مېھرىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ جانلىق مەنىسىنى ئىزاھلىدى.

ئۈچىنچى، يەر شارىدا يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشنىڭ ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتى. يىقىندىن بۇيان، كۆپ تەرەپچىلىك تەتۈر ئېقىمغا دۇچ كەلدى، ئىرقچىلىق ئەۋج ئېلىپ، ئايرىم دۆلەتلەر يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. رەئىس شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورال، يىغىنغا قاتناشقان ئافرىقا تەرەپ رەھبەرلىرى بۇنى يۈكسەك تەرىپلەپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يۇقۇم ئالدىدا، ھېچقانداق دۆلەت ئۆزىنىلا ئويلاپ باشقىلار بىلەن كارى بولمىسا بولمايدۇ؛ ۋىرۇس ئالدىدا، ھېچقانداق دۆلەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ. پەقەت ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئىتتىپاقلاشقان، ھەمكارلاشقاندىلا، ئىنسانلار ئاخىر ۋىرۇس ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ. جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىككى تەرەپ كۆپ تەرەپچىللىكنى قەتئىي قوللاپ، يەككە تەرەپچىللىك ۋە ئىرقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىدا باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئورتاق قوللاپ، يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇش، ۋىرۇسنى بەلگىلەشتۈرۈشكە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، كەمسىتىش، نامىنى بۇلغاش قىلمىشلىرىنىڭ ئورتاق ئالدىنى ئېلىشنى مۇراجىئەت قىلدى. بۇ مۇھىم ئورتاق تونۇشلار دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان بولۇپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشقا پايدىلىق، جۇڭگو ـ ئافرىقا قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشقا پايدىلىق، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشقا پايدىلىق.

چېن شياۋدۇڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتى تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. شۈبھىسىزكى، قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يۇقۇمنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن جۇڭگو ـ ئافرىقا مۇناسىۋىتى تېخىمۇ چىڭىيدۇ، مۇستەھكەملىنىدۇ، جۇڭگو ـ ئافرىقا دوستلۇقى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، خۇددى رەئىس شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك، ئىنسانلار ئاخىر يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، جۇڭگو ـ ئافرىقا خەلقلىرىمۇ ئاخىر تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئافرىقا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە بۇ قېتىمقى باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىدۇ.